# باغرىمدا ئانام

(شېئىرلار)

رۇستەم قاراسۇ

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

1

# ئايالنى ئاندىن ئەزىز بىلگەنلەر

ئايرىلىپ قالدۇ ئاخىر ئاندىن،
ئايالنى ئاندىن ئەزىز بىلگەنلەر.
تاپالماي خۇشاللىق كېتەر ھالىدىن،
ئايالنى ئاندىن ئەزىز بىلگەنلەر.

ئايال دەپ كېچىدۇ تۇغقان يېقىندىن،
پەرقى يوق ياشايدۇ يالغۇز يېتىمدىن.
قارغىشلار ئالىدۇ ئاسمان زېمىندىن،
ئايالنى ئاندىن ئەزىز بىلگەنلەر.

ئاقىۋەت كېچىكىپ پۇشايمان قىلار،
ۋىجدانىنىڭ سورىقى باغرىنى تىلار.
يامغۇردەك تۆكۈلۈپ ئۆكۈنۈپ يىغلار،
ئايالنى ئاندىن ئەزىز بىلگەنلەر.

ئانىدىن ئايرىغان قاشى قەلەمدە،
ۋاپا يوق زەررىچە بىلسە ئەگەردە.
خارلىقتا ياشايدۇ بولسا قەيەردە،
ئايالنى ئانىدىن ئەزىز بىلگەنلەر.

## 2

## دىدارىڭ كەلسۇن

سېغىنغاندا جان ئاتا ئاناڭ،
پۇلۇڭ ئەمەس دىدارىڭ كەلسۇن.
تەلمۈرگەندە ئايالىڭ بالاڭ،
پۇلۇڭ ئەمەس دىدارىڭ كەلسۇن.

ئاتا ئاناڭ ھەر كۈن سەھەردە،
دوئا قىلار بولغىن قەيەردە.
ھېيت ئايەمدەك قۇتلۇق دەملەردە،
پۇلۇڭ ئەمەس دىدارىڭ كەلسۇن.

بىچارىدۇر مەزلۇم ئايالىڭ،
سەنسىز زۇلمەت ئايۋان سارايىڭ.
كۆپەيمىسۇن كەلمەس بانايىڭ،
پۇلۇڭ ئەمەس دىدارىڭ كەلسۇن.

مال دۇنيانىڭ كىرىپ كەينىگە،
پۇلۇم بار دەپ ئۇرما مەيدىگە.
بۇ تۆت كۇنلۇك ئالەم بەندىگە،
پۇلۇڭ ئەمەس دىدارىڭ كەلسۇن.

يوللۇرۇڭغا قارايدۇ پەرزەنت،
ئايالىڭغا سەن ئۆزۈڭ زىننەت.
پۇللۇرىڭنى قىلمىغىن مىننەت،
پۇلۇڭ ئەمەس دىدارىڭ كەلسۇن.

ئەي مۇساپىر دىدار غەنيمەت،
ئاتا ـ ئانا ھەممىدىن قىممەت.
ھىچ بولمىسا ئاي يىلدا بىر رەت،
پۇلۇڭ ئەمەس دىدارىڭ كەلسۇن.

دىيەلمەيمىز ئەتە هايات دەپ،
شۇڭا بۈگۈن ئۆتەيلى ئىزدەپ.
ئىزلىمسۇن يۈرەكلەر ئەسلەپ،
پۇلۇڭ ئەمەس دىدارىڭ كەلسۇن.

قېرىنداشنىڭ كۈتەر جۈپ كۆزى،
يوللۇرۇڭغا تەلمۈرۈپ ئۆزى.
سېغىنىشتىن باشلىنار سۆزى،
پۇلۇڭ ئەمەس دىدارىڭ كەلسۇن

كىم بىلىدۇ كىملەر كىتىدۇ،
كىم قەدرىگە كىملەر يىتىدۇ.
قاراسۇ هەم شۇنداق ئىيتىدۇ،
پۇلۇڭ ئەمەس دىدارىڭ كەلسۇن.

3

## دىهقانلارنى كۈيلىسەڭ هەقتۇر

تەرىپلەشكە لايىقتۇر دىهقان،

دېھقانلارنى كۈيلىسەك ھەقتۇر.
دېھقان دېگەن مېھنەتكەش چولپان،
دېھقانلارنى كۈيلىسەك ھەقتۇر.

ئىخلاس قىلىپ تۆكىدۇ تەرنى،
كەتمەن بىلەن كۆلدۈرۈپ يەرنى.
مىننەت قىلماي باقىدۇ ئەلنى،
دېھقانلارنى كۈيلىسەك ھەقتۇر.

ئېتىز قىردا ئىشلەيدۇ قايناپ،
كۈيگە قاتار بۇلبۇللار سايراپ.
جاپالارغا كەتمەيدۇ ۋايساپ،
دېھقانلارنى كۈيلىسەك ھەقتۇر.

ئۆزى تۇرار ئاددى كەپىدە،
دەم ئالمايدۇ بىر كۈن ھەپتىدە.
تالاشمايدۇ ئابروي سەھنىدە،
دېھقانلارنى كۈيلىسەك ھەقتۇر.

4

## باغرىمدا ئانام

كەتتى دەيدۇ ئانامنى كىمۇ،
ھايات مېنىڭ باغرىمدا ئانام.
ئوغۇمدا ھەم بار چۈشۈمدىمۇ،
ھايات مېنىڭ باغرىمدا ئانام.

كۆز ياشلىرىم ئاقىدۇ تارام،
يىتىم دىمەڭ دىلىمدا يارام.
تەسەللىمۇ يۈرەككە ئارام،
ھايات مېنىڭ باغرىمدا ئانام.

ئىزدىمەيمەن ئەل قاتارىدىن،
پەسىللەرنىڭ نەۋ باھارىدىن.
كەچمەس مەندەك ۋاپادارىدىن،
ھايات مېنىڭ باغرىمدا ئانام.

ھەربىر سۆزى قۇلاق تۈۋىمدە،

ئولتۇرىدۇ قەلب تۆرۈمدە.
ئۇنتۇلمايدۇ مەڭگۈ كۆيۈمدە،
هايات مېنىڭ باغرىمدا ئانام.

## 5

# بۇ جاھان

بۇزۇلغان نىيەتلەر دوست يارەندىكى،
يۈرەككە ئۇرىدۇ خەنجەرنى رەت.
چۇۋۇلغان چاچلاردىن گۈزەللىك تاپتۇق،
تارىخقا يېزىلماي قالغايمۇ ئىللەت.

يىقىلسام تەغدىرنىڭ كاج قىسمىتىدىن،
يۆلەشكە قولى يوق كۆلدى دوس ئاداش.
دادامنى ـ ئانامنى يەرلىكتە قويۇپ،
مىراس دەپ ياقىنى يىرتتى قېرىنداش.

بۇ جاھان كىملەرگە بولدى تاماشىا،
مەن كەبى كىملەرنىڭ يۈرىكى لەختە.

كۆرەڭلەپ كەتمەيلى كۆكتە ئۇچساقمۇ
لەگلەك بىز بەربىر يىپىمىز ھەقتە.

6

## ۋىجدانىم

نەپ ئۇچۇن سېتىلىپ كەتمەس ۋىجدانىم،
يارنى دەپ ئانامدىن كەچمەس ۋىجدانىم.
دادامدەك ياشايمەن مەردۇ ـ مەردانە،
لەۋزى يوق قەسەمنى ئىچمەس ۋىجدانىم.

ئاچ كۆزنى تويمىغان نەپسى چىرتىدۇ،
لەنەتلەر ئاقىۋەت خار ـ زار قىرتىدۇ.
يوقسۇللۇق ئىشكىمنى چەكسە ـ چېكىدۇ،
نامەرتنىڭ ئىشكىنى چەكمەس ۋىجدانىم.

بىر كەلدىم ھاياتقا قايتا كەلمەيمەن،
يىگىتلىك قەددىم رۇس بويۇن ئەگمەيمەن،
ئۆزەمنىڭ رىزقىنى ھالالدىن يەيمەن.

هارامنى بەرسە هاپ ئەتمەس ۋىجدانىم.

7

## كىمۇ

مەن بىلەن دەرتنى يۈتكەنلەر كىمۇ،
زار يىغلىغاندا كۈلگەنلەر كىمۇ .
قىلتاقلار قۇرۇپ هايات يولۇمغا،
شۇم بويا بولۇپ ئۈنگەنلەر كىمۇ.

بەخىت كۈتكىنىم يات بىلەن كەتتى،
ماڭا كۆرمىگەن كۈننى كۆرسەتتى.
چىن ئەقىدەمنى خارۇ ـ زار ئەتتى،
مەندىن پاك سۆيگۈ كۈتكەنلەر كىمۇ.

تۇپا چاچماستىن ئەتكەن ئىشىمغا،
ماتەم مۇسىبەت كەلسە بېشىمغا.
قول ياغلىق تۇتۇپ ئاققان يېشىمغا،
مەن بىلەن يىغلاپ ئۆلگەنلەر كىمۇ.

دوستۇڭغۇ مەن دەپ سىرىمنى ئېلىپ،
يۈرەك باغرىمنى خەنجەرسىز تىلىپ.
تىرىك تۇرسامۇ غەيۋەتلەر قىلىپ،
مېنى تۇپراققا كۆمگەنلەر كىمۇ.

8

## ئانا

مەن ئۈچۈن ئىگىلگەن قەددىڭىز ئانا،
ئاز ئەمەس تارتقان غەم دەردىڭىز ئانا.
كەتتىڭىز ئاتمىشتا يېتىم قالدۇرۇپ،
ئەجەپمۇ ئۆتتۈلدى قەدرىڭىز ئانا.

بېغىمدىن باھارىم سىز بىلەن كەتتى،
سېغىنىش باغرىمنى لەختە قان ئەتتى ،
يېتىملىك ئەلىمى يۈرەككە يەتتى ،
تىكلەندى مازارغا قەۋرىڭىز ئانا.

ئانا دەپ سارغايدىم ئەلنىڭ ئارىسدا،

يەتكەيمۇ يىغلىسام سىزگە بۇ نىدا.
چۈشلىرىم كۆرىدۇ سىزنى ئۇيقىدا،
سورايدۇ ئويغانسام نەۋرىڭىز ئانا.

**9**

## ئېيتماڭ ئانامغا

يىراقتا مەن ئانامدىن يىراق،
سىزدىن مېنى سورايدۇ بەلكىم.
دەرتلىرىمنى ئېيتماڭ ئانامغا،
هالى ياخشى دەپ بېرىڭ هەركىم.

دەردۇ ـ غېمىم يەتسە ئانامغا،
زار يىغلايدۇ قەددى بۈكۈلۈپ.
غەملىرىمنى ئېيتماڭ ئانامغا،
ئۆتۈنەي مەن سىزگە يۈكۈنۈپ.

نېمە بولسام بولاي مەن يالغۇز،
دەردىمنى تەڭ ئانام تارتمىسۇن.

ياتسام ياتاي كىسەل كارۋاتتا،
ئامان بولسۇن ئانام ياتمىسۇن.

**10**

## سېنى دىمىسەم

كاككۇك كەبى سايراپ سەھەردە،
مەن شۇ يەردە بولساڭ قەيەردە،
ماڭا نېمە بار يات شەھەردە.
يۈرۈكۈمنى سېنى دىمىسەم.

تاقەت بىلەن شۇنچە كۈتەمتىم،
دەرتلىرىڭدە ئەلەم يۈتەمتىم.
گۇناھىڭدىن ھەتتا ئۆتەمتىم،
يۈرۈكۈمنى سېنى دىمىسەم.

دىلغا تەككەن تەنە ـ تاپادىن،
سەندىن كۈتكەن سۆيگۈ ۋاپادىن.
ۋاز كەچمەمدىم بۇنچە جاپادىن،

يۈرۈكۈمنى سېنى دىمىسەم.

خىياللارغا كىتمەن پېتىپ،
كىچىللىرى سېنى ياد ئېتىپ.
يىغلىماستىم ناخشامغا قېتىپ،
يۈرۈكۈمنى سېنى دىمىسەم.

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: يانغىن، يۈكسەل، ***oqugin***

www.yanghin.net www.yanghin.cn

kitab@yanghin.net admin@yanghin.net